مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ـ قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# «يايلاقتىكى پاۋېل» جىن خەي: مەن تەتقىقات نەتىجىلىرىمنىڭ ھەممىسنى دۆلەتكە تەقدىم قىلىمەن



پىروفېسسور جىن خەي ئاغرىق تۇرۇپمۇ ئاسپىرانتلارغا داۋاملىق تارىخ دەرسى ئۆتۈۋاتقان چاغ (2008 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى تارتىلغان).
□شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، كۆكخوت تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان (مۇخبىر جۇ ۋېنجى)** «مەن ئۆزۈمنىڭ بىلىمى ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرىمنى ئىمكانقەدەر دۆلەتكە ۋە مىللەتكە تەقدىم قىلىمەن، ئوقۇغۇچىلارغا قالدۇرىمەن، نەچچە ئەۋلاد كىشىلەر تىرىشىۋاتقان ئىشلارنى ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرىمەن.» بۇ جىن خەينىڭ ھايات ۋاقتىدا دائىم دەيدىغان بىر جۈملە سۆزى ئىدى.

جىن خەي، موڭغۇل، 1955 ـ يىلى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ ئوردوس شەھىرى ۋۇشېن خوشۇنىدا ئادەتتىكى چارۋىچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، 1982 ـ يىلى ئىچكى موڭغۇل داشۆسىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، مەكتەپتە قېلىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان، ئىزچىل تۈردە ئىچكى موڭغۇلنىڭ يېقىنقى، ھازىرقى زامان تارىخى، مەدەنىيىتى، جۇڭگو ـ ياپونىيە مۇناسىۋىتى تارىخى قاتارلىق تەتقىقات ۋە ئوقۇتۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان، ھايات ۋاقتىدا ئىچكى موڭغۇل داشۆسى موڭغۇلشۇناسلىق تەتقىقات مەركىزىنىڭ مەخسۇس ۋەزىپىدىكى تەتقىقاتچىسى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر تارىخى كەسپىنىڭ دوكتور يېتەكچىسى بولغان.

مۇنبەرگە چىققان شۇ كۈندىن باشلاپ، جىن خەي باشتىن ـ ئاخىر كۈچلۈك كەسپچانلىق ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقى بىلەن، پۈتۈن زېھنىنى پەن تەتقىقات ۋە ئوقۇتۇش خىزمىتىگە سەرپ قىلغان.

1999 ـ يىلى، جىن خەي ئۆزىنىڭ دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئوقۇشىنى باشلىغان، ئۇنىڭ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىمۇ ئۆرلەش مەزگىلىگە قەدەم قويغان. شۇ يىلى ھەم جىن خەيگە يۇقىرقى جاغ كاۋدىكى بېزى راكىغا گىرىپتار بولغان دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان.

ئاغرىپ قالغاندىن كېيىن جىن خەي چوڭ ـ كىچىك جەمئىي توققۇز قېتىم ئوپېراتسىيە قىلىنغان بولۇپ، كۆپ قېتىملىق ئوپېراتسىيەدە جىن خەينىڭ ئوڭ يۇقىرقى جاغ سۆڭىكى كېسىۋېتىلگەن، ئوڭ كۆزىنىڭ كۆز ئالمىسى ئېلىۋېتىلگەن، ئۆت خالتىسى ئېلىۋېتىلگەن، پۇراش سېزىمى، تەم سېزىمى پۈتۈنلەي يوقالغان، ئوڭ قۇلىقىنىڭ ئاڭلاش ئىقتىدارىمۇ بىردىنلا ئاجىزلاپ كەتكەن.

خوتۇنى لىن نانىڭ نەزەرىدە، جىن خەي ئىلمىي تەتقىقاتنى ھەرقانداق ئىشتىن مۇھىم بىلىدىغان ئادەم ئىدى. «مېنىڭ ئېسىمدە قېلىشىچە، بىز بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ ساياھەتكە چىقىشى ئۈچ قېتىمدىن ئېشىپ باقمىغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر قېتىملىقى يەنە تېخى ئۆيىدىن يىراق بولمىغان باغچە ئىدى.» لىن نا مۇنداق دېدى: «ئەينى يىللىرى مەن ئەتىگەنلىك ناشتىلىقنى قىلىپ بولۇپ خىزمەتكە باراتتىم، جىن خەي ئورنىدىن تۇرۇپ ئەتىگەنلىك ناشتىسىنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئىلمىي تەتقىقاتنى باشلىۋېتەتتى، ئۇ يېزىق ئۈستىلى ئالدىدا شۇ ئولتۇرغىنىچە بىر كۈن ئولتۇراتتى».

كىشىلەرنىڭ ھەممىسى جىن خەينى تېنى ئالاھىدە ماتېرىيالدىن ياسالغان، «يايلاقتىكى پاۋېل» دەپ تەرىپلىشەتتى. ئاغرىپ داۋالىنىۋاتقان مەزگىلدىمۇ، ئۇ يەنىلا ئوقۇغۇچىلارغا دەرس ئۆتۈشتە ئىزچىل چىڭ تۇرغان، ئۆزىنىڭ دوكتورلۇق ئوقۇشى ۋە ئىلمىي تەتقىقاتنى ئەزەلدىن توختىتىپ قويمىغان.

جىن خەي ئۆز خىزمىتىنى قىزغىن سۆيەتتى، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئون نەچچە پەن تەتقىقات تۈرىگە قاتنىشىپ، ئالتە پارچە مەخسۇس ئەسەر، 14 پارچە باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ يازغان ئەسەرنى نەشر قىلىپ، 47 پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىپ، ئۈچ پارچە تارىخىي ماتېرىياللار توپلىمى ۋە ئالتە پارچە ئەسەر(تەرجىمە)نى تۈزۈشكە مەسئۇل بولۇپ، مول پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى قولغا كەلتۈرگەن. ئاغرىپ قالغاندىن كېيىن، جىن خەي كېسەل ھالىتىدە «ياپونىيەنىڭ ئىچكى موڭغۇلدىكى مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقى توغرىسىدىكى تەتقىقات» ناملىق دوكتورلۇق ئىلمىي ماقالىسىنى تاماملاپ، دۆلىتىمىزنىڭ ياپونىيەنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىش تارىخى تەتقىقاتىدىكى بىر بوشلۇقنى تولدۇرۇپ، مۇتەخەسسىس، ئالىملارنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن. ئۇ دۆلەت ئىجتىمائىي پەن فوندى تۈرى «ياپونىيەنىڭ ئىچكى موڭغۇلغا تاجاۋۇز قىلىش تارىخى» ۋە «ئىچكى موڭغۇلنىڭ ئومۇمىي تارىخى» قاتارلىق بىر قاتار تەتقىقات تۈرلىرىگە قاتناشقان ۋە رىياسەتچىلىك قىلىپ تاماملىغان.

2008 ـ يىلى، جىن خەيگە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى تەرىپىدىن «مۇنەۋۋەر كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزاسى» دەپ نام بېرىلگەن، 2009 ـ يىلى جۇڭخۇا مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن «مەملىكەتلىك 1 ـ ماي ئەمگەك مېدالى» بېرىلگەن، 2010 ـ يىلى «مەملىكەتلىك ئىلغار خىزمەتچى» دېگەن نامغا ئېرىشكەن، 2011 ـ يىلى «مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزاسى» دېگەن نامغا ئېرىشكەن.

2011 ـ يىلى، جىن خەي كېسەل سەۋەبىدىن ئالەمدىن ئۆتكەن. 90 ياشقا يېقىنلىشىپ قالغان ئىچكى موڭغۇل داشۆسىنىڭ داڭلىق موڭغۇل مىللىتى تارىخ ئالىمى، پىروفېسسور خاۋ ۋېيمىن جىن خەينىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىدى. بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، ئۆزىنىڭ ئوقۇغۇچىسى جىن خەينى ئەسكە ئالغىنىدا، پىروفېسسور خاۋ ۋېيمىن قايغۇلۇق ھېسسىياتىنى يوشۇرالمىدى. «جىن خەي مېنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچۇم، ئۇ ئىلمىي تەتقىقات ئىقتىدارىغا تايىنىپ دۇنياغا يۈزلەنگەن ئالىم بولۇش يۈرۈشىگە تامامەن ئىگە ئىدى، لېكىن رەھىمسىز كېسەل ئالۋاستىسى ئۇنى ھاياتىدىن ئايرىدى» دېدى خاۋ ۋېيمىن.



5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، جۇڭگو قاتنىشى 1 ـ تاشيول قۇرۇلۇشى ئىدارىسى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىنىڭ ئىشچىسى لياڭ زۇڭباۋ قومۇل G575 تاشيولىنىڭ شەرقىي تىيانشان ئالاھىدە ئۇزۇن تونېلدا ئۆرە جازىنى كەپشەرلىمەكتە.
□ سەي زېڭلې فوتوسى

# زەھەر چەكلەش قەھرىمانى كې جەنجۈن: ياشلىق باھارى، ئىسسىق قېنى ئارقىلىق قورقماس جەسۇرلۇقنى يۈتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، كۈنمىڭ تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان (مۇخبىر ياۋ بېك)** ساقچى بولغان توققۇز يىلدا، ئۇ كۆپ ۋاقىتلاردا قوراللىق زەھەر ئەتكەسچىلىكى گاڭجىرلاشقان زەھەر چەكلەش بىرىنچى سەپىدە كۆرەش قىلغان؛ جىددىي، قىيىن، خەتەرلىك، ئېغىر ۋەزىپىلەرگە دۇچ كەلگەندە، ئۇ ھەمىشە قاتنىشىشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىلتىماس قىلغان؛ ئەڭ قەبىھ جىنايەتچىلەر قارا نىيەتلىرى ئالدىدا، ھەر قېتىم ئاتاكىغا ئۆتۈپ ئەڭ ئالدىدا ماڭغان. زەھەر ئەتكەسچىسىنىڭ قورالىدا يېقىلغاندا، كې جەنجۈن ئەمدىلا 30 ياشقا كىرگەنىدى. ئۇ ھاياتى ئارقىلىق ساداقىتىنى شەرھلىدى، ياشلىق باھارى، ئىسسىق قېنى ئارقىلىق خەلق ساقچىلىرىنىڭ جەسۇرلۇقىنى يۈتتى.

كې جەنجۈن يۈننەننىڭ جىڭخۇڭدىن، خانىزۇ مىللىتىدىن، داشۆ مەدەنىيەت سەۋىيەسىگە ئىگە. 2003 ـ يىلى 12 ـ ئايدا جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتناشقان، 2006 ـ يىلى 6 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن، يۈننەن ئۆلكىسى شىشۇاڭبەننا دەيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ سىياسىي باشقارمىسى، قاماقخانا، لەنساڭجياڭ دەرياسى سۇ ئۈستى جامائەت خەۋپسىزلىك شۆبە ئىدارىسى، زەھەر چەكلەش تارماق ئەترىتى تەھقىقلەش چوڭ ئەترىتىنىڭ خەلق ساقچىسى، زەھەر چەكلەش تارماق ئەترىتى ئاخبارات تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش چوڭ ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن چوڭ ئەترەت باشلىقى بولغان.

شىشۇاڭبەننا ئوبلاستى دۇنيادىكى زەھەر مەنبەسى بولغان «ئالتۇن ئۈچ بۇرجەك» بىلەن چېگرالىنىدۇ، زەھەرنىڭ چېگرادىن كىرىشىدىكى ئاساسلىق يوللارنىڭ بىرى. زەھەرنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىغا بولغان ئېغىر خەۋپىنى چوڭقۇر بىلىدىغان كې جەنجۈن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، كەسكىنلىك بىلەن يۈننەن جامائەت خەۋپسىزلىكى ئالىي تېخنىكومىنىڭ زەھەر چەكلەش كەسپىگە ئىمتىھان بەرگەن. داشۆدىكى مەزگىلدە، كې جەنجۈن ھەر قېتىمقى تەتىلدە جىڭخۇڭ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ زەھەر چەكلەش چوڭ ئەترىتىدە پىراكتىكا قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، كۆپ قېتىملىق دېلونى رازۋېدكا قىلىپ پاش قىلىشقا قاتناشقان. ئارزۇسىغا يېتىپ خەلق ساقچىسى بولغاندىن كېيىن، ئۇ تېخىمۇ تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق ۋە كۆتۈرەڭگۈ كۈرەش ئىرادىسى بىلەن خىزمەتكە كىرىشكەن.

2012 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، كې جەنجۈن چېگرا سىرتىدا 40 نەچچە كۈن ۋەزىپە ئىجرا قىلىپ جىڭخۇڭغا قايتىپ كېلىپ، ئاپىسىغا ھەمراھ بولۇپ ئالدىراپلا بىر ۋاق ئائىدىلا چۈشلۈك تاماق يېگەندىن كېيىن، ئالدىراشلا ئىدارىسىگە قايتقان. ئۇ زەھەر چەكلەش تارماق ئەترىتىنىڭ بىر قېتىملىق پەۋقۇلئاددە زور قوراللىق زەھەر ئەتكەسچىلىكى دېلوسىنى مەخپىي رازۋېدكا قىلىپ تىزگىنلەپ، تورنى يىغىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، زەھەر ئەتكەسچىلىرىنى تۇتۇش جىڭگە قاتنىشىشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىلتىماس قىلغان.

شۇ كۈنى سائەت 18دە، تۇتۇش گۇرۇپپىسى جىڭخۇڭ شەھىرىدىكى بىر ئولتۇراق رايونىدىكى بىنانىڭ 6 ـ قەۋەت كارىدورىدا زەھەر ئەتكەسچىلىرى بىلەن تار يولدا دوقۇرۇشۇپ قالغان، قوراللىق قارا نىيەتلەر ئالدىدا، ئەڭ ئالدىدا ماڭغان كې جەنجۈن قىلچە قورقۇپ قالماي، جان پىدالىق بىلەن ئېتىلىپ بېرىپ، ئۇلار بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىپ، تېزلا بىر زەھەر ئەتكەسچىسىنى بويسۇندۇرغان. بۇ ۋاقىتتا، يەنە بىر قارا نىيەت تۇيۇقسىز ئېتىلىپ چىقىپ ئوق چىقىرىپ، ئۇنىڭ ئوڭ تۆۋەن كۆكرەك قىسمىغا تەگكۈزگەن. يەرگە يىقىلغان كې جەنجۈن يەنىلا ۋاز كەچمەي، ئىككى قولى بىلەن زەھەر ئەتكەسچىسىنىڭ پۇتىنى چىڭ قۇچاقلىۋالغان، ئاخىرى يارىسى بەك ئېغىر بولغانلىقتىن، قان ئىچىگە يىقىلغان. ئىككى زەھەر ئەتكەسچىسى دېرىزىدىن ئۆملەپ چۈشۈپ بۆلۈنۈپ قاچماقچى بولغاندا، قوغلاپ تۇتۇۋاتقان خەلق ساقچىلىرى تەرىپىدىن يارىلاندۇرۇلغان بىر قوراللىق زەھەر ئەتكەسچىسى كوچىغا قېچىپ چىقىپ، موتوسىكلىت بۇلىماقچى بولۇپ مەقسىتىگە يېتەلمىگەندىن كېيىن، يەنە بىر پىكاپقا قارىتىپ ئوق چىقارغان، قوغلاپ تۇتۇۋاتقان خەلق ساقچىلىرى كەسكىنلىك بىلەن ئۇنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن.

سائەت 19دىن 55 مىنۇت ئۆتكەندە، پۈتۈن كۈچ بىلەن قۇتقۇلدۇرۇش ئۈنۈم بەرمەي، كې جەنجۈن ئۆزىنىڭ ياش ھاياتىنى تەقدىم قىلغان. كې جەنجۈن قۇربان بولغاندىن كېيىن، پۈتۈن ئوبلاستتىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى، قوراللىق ساقچى قىسىم ئېغىر ئازابقا بەرداشلىق بېرىپ، بارلىق ساقچىلارنى سەپەرۋەر قىلىپ، قاچقۇن جىنايەتچى ۋە دېلوغا چېتىشلىق كىشىلەرنى تۇتۇشقا دەرھال ئاتلانغان. 2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، «2.23» پەۋقۇلئاددە زور قوراللىق زەھەر ئەتكەسچىلىكى دېلوسى مۇۋەپپەقىيەتلىك پاش قىلىنغان، نەق مەيداندا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن بىر زەھەر ئەتكەسچىسىدىن باشقا، زەھەر ئەتكەسچىلىك شايكىسىنىڭ باشقا ئون نەچچە ئەزاسىنىڭ ھەممىسى قولغا چۈشكەن. بۇ دېلودا 48 كىلوگرام زەھەر، ئەتكەس قىلىنغان بىر ھەربىي تاپانچا، 28 پاي ئوق قولغا چۈشۈرۈلگەن.

ساقچى بولغان توققۇز يىلدىن بۇيان، كې جەنجۈن مەسئۇل بولۇپ 33 زەھەر دېلوسىنى بىجىرگەن، زەھەر ئەتكەسچىسى گۇماندارىدىن 64 كىشىنى تۇتقان، 53 كىلوگرامدىن ئارتۇق زەھەرنى قولغا چۈشۈرگەن، ھەمكارلىشىپ رازۋېدكا قىلىپ بىجىرىشكە قاتناشقان زەھەر دېلوسى 101 قېتىم بولۇپ، زەھەر ئەتكەسچىسى گۇماندارىدىن 245 كىشىنى تۇتقان، 837 كىلوگرامدىن ئارتۇق زەھەرنى قولغا چۈشۈرگەن، 10 مىليون يۈەندىن ئارتۇق زەھەر مەبلىغىنى قولغا چۈشۈرگەن، تۈرلۈك قورالدىن يەتتىنى قولغا چۈشۈرگەن. خىزمەت نەتىجىسى گەۋدىلىك بولغاچقا، كې جەنجۈن كۆپ قېتىم شەخسلەر بويىچە تەقدىرلەنگەن، 2012 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، «مەملىكەت بويىچە جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىدىكى 1 ـ دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى» دەپ تولۇقلاپ نام بېرىلگەن.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

مەمەت ئەمدىلا ناھىيەدىكى كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدىكى تەربىيەنى تاماملىدى، ئۇنىۋېرسال ساپاسى بىرقەدەر ياخشى، خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش ئىقتىدارى بار، دېيىلگەن. گەرچە كارخانىنىڭ خىزمەتچى خادىملىرى تولۇق بولسىمۇ، جۇ لۇجۈەن يەنىلا مەمەتنى قوبۇل قىلىپ ئىشلىتىشنى قارار قىلغان. ناھايىتى تېزلا، مەمەتنىڭ خىزمەت ئىقتىدارى شىركەتنىڭ باشقۇرۇش قاتلىمىدىكىلەرنىڭ ئېتراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن.

مەمەت ھاياتىدىكى تۇنجى خىزمىتى ھەم كىرىمىدىنمۇ ناھايىتى رازى. «كۆپ قىسىم ئىشداشلارنىڭ ھەممىسى نامرات ئائىلە، كۆپچىلىكنى باشلاپ بىللە پۇل تېپىۋاتقانلىقىمدىن بەك خۇشالمەن.» مەمەت بارمىقى بىلەن ساناپ بەردى: 3800 يۈەن ئەڭ تۆۋەن ئىش ھەققى، 500 يۈەن ۋەزىپە مائاشى، ھەر ئايدا يەنە 400 يۈەن تولۇق ئىشقا چىقىش مۇكاپاتى ئالىمەن، خىزمەتكە چۈشكەندىن بۇيان، تولۇق ئىشقا چىقىش مۇكاپاتىنى بىر قېتىممۇ قالدۇرماي ئالدىم.

«تولۇق ئىشقا چىقىش مۇكاپاتىنى ئېلىش تەسمۇ، دەم ئېلىشقا بولامدۇ؟» دەپ سورىدى مۇخبىرلار. مەمەت مۇنداق دېدى: ئەمىيا ئوبوروتى كارخانىسى گەرچە كۈندە يۈرۈشۈپ تۇرسىمۇ، لېكىن كۆپچىلىك ھەر ئايدا نۆۋەتلىشىپ دەم ئالالايمىز.

يۇقۇم يۈزبەرگەندىن كېيىن، مەمەت ئۆيىدە ئاپىسى ۋە ئاكىسىغا بىر مەزگىل ھەمراھ بولغان، بۇ مەزگىلدە ئۇ شىركەتنى بەكمۇ سېغىنغان، قايىنام ـ تاشقىنلىققا چۆمگەن خىزمەت مەنزىرىسىنىڭ مەنىلىك ھەم كۆڭۈللۈك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان.

«يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، شىركەت بەلگىلىك زىيان تارتتى، لېكىن يول ھەققىنى كەچۈرۈم قىلىش قاتارلىق تۈرلۈك ئېتىبار سىياسەتلىرى بولغاچقا، كارخانىنىڭ يۈرۈشۈش تەننەرخى تۆۋەنلىدى، بىزنىڭ يۇقۇم كەلتۈرۈپ چىقارغان زىياننى تولۇقلاشقا ئىشەنچىمىز بار.» جۇ لۇجۈەن كەسكىن ھالدا مۇنداق دېدى: مەمەتلەرنىڭ مائاشى تەسىرگە ئۇچرىمايدۇ.

## «نادانلىق بەك قورقۇنچلۇق ئىكەن»

بۇ يىل 33 ياشقا كىرگەن مەمەت تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكىچىلا ئوقۇغان، دادىسى خېلى بۇرۇنلا ئالەمدىن ئۆتكەن، ئاپىسى بىلەن ئاكىسى ئۇنىڭ يۆلەنچۈكى بولۇپ، ئۇ ئاكىسى بىلەن بىللە 20 نەچچە مو يەرنى تېرىيتتى.

ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىلا، مەمەت ئەسەبىي ئۇنسۇرلارنىڭ ئازدۇرۇشىغا ۋە كاللىسىنى يۇيۇشىغا ئۇچرىغان. «ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، كۈن ئۆتكۈزۈشنىڭ ھەر خىل تەلەپلىرى بولۇپ، يېيىش، كىيىش، ئىشلىتىشنىڭ ھەممىسىنىڭ قاتتىق ئۆلچىمى بار ئىكەن، مەسىلەن: ناماز ئوقۇمايدىغانلار ئەتكەن تاماقنى يېسە ‹دوزاخ›قا كىرىدىكەن، ئەينى چاغدا بەك نادان بولغاچقا، ئاڭلاپلا ئىشىنىپ قاپتىمەن» دېدى ئۇ.

بىر قېتىم، ئاپىسى ئاغرىپ قېلىپ، ئاكىسى دوختۇرخانىغا ئاپىرايلى دېگەندە، مەمەت قەتئىي قوشۇلمىغان، ئۇ ئاپىسىنى ئېلىپ ئەسەبىي ئۇنسۇرلارنى ئىزدەپ بارغان. «ئۇ بىرنىبىملەرنى ئوقۇدى، مەنمۇ چۈشەنمىدىم، لېكىن ئۇ ئاپامنىڭ كېسىلى تېزلا ساقىيىپ كېتىدۇ، دېدى.» مەمەتنىڭ ئېيتىشىچە، ئەڭ ئاخىرىدا ئاپىسى يەنىلا دوختۇرخانىغا بېرىپ داۋالانغاندىن كېيىن، ئاندىن كېسىلى ساقايغان، لېكىن ئۇ ئەينى ۋاقىتتا تەتۈرلۈك قىلىپ: سەل ساقلاپ تۇرساقلا ئاپامنىڭ كېسىلى ساقىيىپ كېتىدۇ، دوختۇرخانىغا بېرىشنىڭ پەقەت ھاجىتى يوق، دەپ تۇرۇۋالغان.

«مەن ناھىيەدىكى كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە بېرىپ تەربىيەلەنگەندىن كېيىن، ئاندىن ئۆزۈمنىڭ بىلىمسىزلىكىم ۋە نادانلىقىمنى تونۇپ يەتتىم. ناۋادا ئاكام دوختۇرخانىغا ئاپىرايلى دەپ چىڭ تۇرمىغان بولسا، ئاپامنىڭ كېسىلىنى داۋالىتىشقا دەخلى يەتكەن بولاتتى، ئويلىساملا قورقىمەن.» «ئويلىساملا قورقىمەن» دېگەن بۇ سۆزنى مەمەت مۇخبىرلارغا ئىككى قېتىم دېدى، بىر قېتىم ئاپىسىنىڭ كېسىلىنى تىلغا ئالغاندا، بىر قېتىم ئۆزىنى تىلغا ئالغاندا دېدى.

«مەن ئۇلارغا بەك ئاسانلا ئىشىنىپ كېتىپتىمەن، ئەسەبىي ئۇنسۇرلار نېمىلا دېسە مەن چوڭقۇر ئىشىنىپ گۇمانلانماپتىمەن، ئەگەر ئۇلار مېنى جىنايەت ئۆتكۈز دېسە، مەنمۇ ئەگىشىپ ماڭاتتىكەنمەن، تەلىيىمگە پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت مېنى قايتۇرۇپ كەلدى.» مەمەتنىڭ ئېيتىشىچە، كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە، ئۇ كىشىلىك تۇرمۇشىدىكى ئەڭ قىممەتلىك بايلىق ــ بىلىم ۋە ماھارەتكە ئېرىشكەن.

«نادانلىق بەك قورقۇنچلۇق ئىكەن.» مەمەت مۇنداق دېدى: تەربىيەلىنىش ئارقىلىق، مەن ئەسەبىي ئۇنسۇرلارنىڭ رەزىل نىيىتىنى ئېنىق تونۇپ يەتتىم ــ بۇ كىشىلەر دەل پۇقرالارنىڭ دىنغا بولغان ساددا ھېسسىياتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارغا ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنى سىڭدۈردى، ئۇلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپلا قالساق، «زەمبىرەك يېمى»گە ئايلىنىپ قالىمىز.

## پات ئارىدا كىچىك ئائىلە قۇرۇش

تەربىيەلىنىش مەزگىلىدىكى كىچىك ئىشلارمۇ مەمەتتە گۈزەل ئەسلىمىلەرنى قالدۇرۇپتۇ. «ئۆگىنىش مۇھىتى ياخشى، يېمەك ـ ئىچمەك، ياتاق شارائىتىمۇ ياخشى، ئوقۇش پۇلى ئېلىنمايلا قالماستىن، ھەتتا تۇرمۇش پۇلىنىمۇ تاپشۇرۇش ھاجەتسىز. ئوقۇتقۇچى مېنى ئىزچىل رىغبەتلەندۈرۈپ چوقۇم ياخشى نەتىجىگە ئېرىشەلەيسەن، دەيتتى.» مەمەتنىڭ ئېيتىشىچە، تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئۇ ئوقۇتقۇچىسىنى ناھايىتى سېغىنىپتۇ.

بۇلتۇر 12 ـ ئايدىكى بىر ھەپتە ئاخىرىدا، مەمەت دەم ئېلىپ، ئاقسۇ شەھىرىدىكى بىر توپ سېتىش بازىرىغا كىيىم سېتىۋالغىلى بېرىپ، يېقىن جايدا تۇرىدىغان جاڭ مۇئەللىمنى ئېسىگە ئېلىپ، ئۇنىڭغا تېلېفون قىلغان. كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئىككىسى بىللە چاي ئىچىپ مۇڭداشقان، مەمەتنىڭ ھازىر خىزمىتى بارلىقىنى، يەنە قىز دوستىنىڭمۇ بارلىقىنى ئاڭلاپ، جاڭ مۇئەللىم ناھايىتى خۇش بولغان. تەربىيەلەنگەن مەزگىلدە، ئۇ مەمەتنىڭ ئۆمۈرلۈك چوڭ ئىشىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن، نېمىلا دېگەنبىلەن بۇ يىگىت 30 ياشتىن ئاشقانىدى.

مەمەتنىڭ قىز دوستى باي ناھىيەسىدىن بولۇپ، ئۇمۇ ئاقسۇ شەھىرىدە ئىشلەمچىلىك قىلىدىكەن. ئىككىيلەن خىزمەت سەۋەبلىك تونۇشۇپ قاپتۇ. مەمەتنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار توي قىلىشنى پىلانلاپتۇ، ئاقسۇ شەھىرىدىن ئۆي سېتىۋېلىشنى مەسلىھەتلىشىپتۇ. «ئۆي سېتىۋېلىش ئۈچۈن رەنىلىك قەرز ئالىمىز، بىز ئىككىمىزنىڭ مۇقىم خىزمىتىمىز ۋە كىرىمىمىز بار، تىرىشساقلا غەم قىلمايمىز» دېدى ئۇ خۇشاللىق بىلەن مۇخبىرلارغا.

ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن، مۇخبىرلار مەمەتكە ھەمراھ بولۇپ ئۇنىڭ ئونسۇ ناھىيەسى چاغىراق يېزىسىدىكى ئۆيىگە باردى. ھويلىسى ناھايىتى رەتلىك، پاكىز يىغىشتۇرۇلغان، ئىشىك ئالدىغا شىياۋبەسەي تېرىلغان، ئەمدىلا سولياۋ يوپۇقى ئېلىۋېتىلگەن بولۇپ، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۈزگىلى بولىدىكەن. مەمەتنىڭ ئاپىسى خەلچىخان توختى ئۇنى كۆرۈپ خوشال كۈلۈپ تۇرۇپ: مەن ئۇ قىزنىڭ سۈرىتىنى كۆرۈپ باقاي، دېدى. مەمەت دەرھال يان تېلېفونىدىكى قىز دوستىنىڭ سۈرىتىنى چىقىرىپ ئاپىسىغا كۆرسەتتى.

«مەمەت خىزمەت قىلغاندىن كېيىن ھەر ئايدا ماڭا پۇل بېرىۋاتىدۇ، مەن خەجلىمىدىم، ئۇنىڭ تويىغا ئىشلىتىشكە ساقلاپ قويىدۇم» دېدى خەلچىخان مۇخبىرلارغا ئاستاغىنە. مەمەتنىڭ ئاكىسى تۇرسۇن ھېكىم ئۇكىسىدىن ئون نەچچە ياش چوڭ بولۇپ، ئۆيدە ئىزچىل «ئاتىلىق» رول ئويناپدىكەن. «ھازىر ئۇكامدىن تامامەن خاتىرجەم بولدۇم، ئۇنىڭ خىزمىتى، كىرىمى، لايىقى بار، ئۇنىڭ ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇشىنىلا كۈتۈۋاتىمىز» دېدى تۇرسۇن مەمنۇنلۇق بىلەن.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)